دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# پاكىت ئارقىلىق زومىگەرلىك قىلمىشىغا تاقابىل تۇرۇپ، ھەقىقىي ئەھۋال ئارقىلىق نۇمۇسسىزلارچە قىلىنغان يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى بىتچىت قىلىمەن

□ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىس گۈلشات شىرئەلى

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك ماھىيىتى ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسىدىكى «قوش ئۆلچىمى»نى تولۇق ئاشكارىلىدى، مەن كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا، بىز شىنجاڭلىقلار سۆز قىلىشقا ئەڭ ھوقۇقلۇق.

مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن جەنۇبىي شىنجاڭدا 52 يىل ياشىدىم، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم؛ «ئۈچ خىل كۈچ» سادىر قىلغان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنىڭ بىگۇناھ ئاممىغا ئېلىپ كەلگەن ئېغىر زىيانكەشلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم؛ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسىگە قاتناشقاندىن كېيىن، ئىدىيەسىدە، ھەرىكىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولغانلىقىغا گۇۋاھ بولدۇم.

تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلىدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا جەمئىي نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، مال - مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. تېررورچى كۈچلەر سادىر قىلغان ھەربىر زوراۋانلىق جىنايى دېلوسى قان ھىدىغا تولغان، كىشىنى غەزەپلەندۈرىدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ئېغىر بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى، مەدەنىيلىككە قارشى، جەمئىيەتكە قارشى ماھىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋە 7 - كۈنى، جۇڭگو خەلقئارا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشى باش تېما قىلىنغان ئىنگلىزچە ئىككى ھۆججەتلىك فىلىم «جۇڭگو شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپى» «پەردە ئارقىسىدىكى قارا قول — ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى› ۋە شىنجاڭدىكى زوراۋانلىق - تېررورلۇق»نى كۆرسىتىپ، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سىنى قايتا ئەسلەتتى.

تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنىڭ كەسكىن ۋەزىيىتى ئالدىدا، شىنجاڭ «بىر قولدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىش ۋە تەربىيەلەش، يېتەكلەش خىزمىتىنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئاقتۇ ناھىيەسىدە، مەن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسىگە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ياخشىلىقتا، ياخشى تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىغا ئۆز كۆزۈم بىلەن گۇۋاھ بولدۇم. ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ ئۆزمە يېزىسىدىكى ئابدۇخالىق خۇداۋەردى ئەر - خوتۇن ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچراپ، ئېرى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانمىغان، خوتۇنى نىقابلىق كىيىم كىيىپ يۈرگەن، ئائىلە تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ، ئىككى بالىسىنىڭ چىرايى سارغىيىپ ئورۇقلاپ كەتكەن، ئەر - خوتۇن ئىككىسى كۈنبويى «مۇسۇلمانچە» «مۇسۇلمانچە ئەمەس» دەپ كوسۇرلىشىپ، ھەممىشە «غازات يولىدا شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەندەكلەرنى خىيال قىلىپ يۈرگەن. كېيىن، كەنت كادىرلىرىنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە يېتەكلىشى ئارقىلىق، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى خاتالىقنى تونۇپ يېتىپ، ناھىيەدىكى تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ تەربىيەلىنىشكە قاتنىشىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلغان. تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى ۋە روھىي قىياپىتىدە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئۆزگىرىش بولغان. ھازىر ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئۆيىنى پاكىز، رەتلىك تۇتۇۋاتىدۇ، يەنە تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىق بىلەن پائال شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ھازىر ھەر قېتىم ئابدۇخالىق خۇداۋەردى ئەر - خوتۇننى ئۇچراتقىنىمدا، ئۇلار ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا ئۆزگىرىش، تەربىيەلىنىشتىكى ھاسىلاتنى مەن بىلەن ئورتاقلىشىدۇ. ئابدۇخالىق خۇداۋەردى مۇنداق دېدى: «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىزنى قۇتقۇزۇۋالدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىش ئارقىلىق، كاللىمىزدىكى ئەسەبىي ئىدىيە تۈگىتىلدى، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن - نىزام، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تېخنىكىسى ۋە ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى رېمونتچىلىقى قاتارلىق ماھارەتلەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، بىز كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدۇق، ھازىر كەلگۈسى تۇرمۇشىمىزغا نىسبەتەن ئىشەنچكە تولدۇق».

بۈگۈنكى شىنجاڭدا، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تېررورىزم، ئەسەبىيزىمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا تەلىم - تەربىيە خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزىمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتى ئۈنۈملۈك يوقىتىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇنداق ئۇسۇل خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنىڭ ئاساسىي روھى ۋە ئاساسىي پرىنسىپىغا تامامەن ئۇيغۇن، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە تەلىپىگە تامامەن ئۇيغۇن.

تۆۋەندىكى بۇ گۇرۇپپا سانلىق مەلۇماتلار ئەڭ ياخشى نامايەندە بولالايدۇ: 2014 - يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭ جەمئىي 2 مىليون 385 مىڭ 300 نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى، نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 2014 - يىلىنىڭ بېشىدىكى 22.84%تىن 6.51%كە تۆۋەنلىدى. 2016 - يىلىدىن 2018 - يىلىغىچە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە شەھەر - بازارلاردا جەمئىي 1 مىليون 400 مىڭ 800 ئادەم قېتىم يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتى، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 8 مىليون 305 مىڭ ئادەم قېتىم يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا شەھەر - يېزا بىر گەۋدىلەشكەن ئۈچ يىللىق ھەقسىز يەسلى مائارىپى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈش ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، چوڭ كېسەل سۇغۇرتىسى بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ 15 خىل چوڭ كېسەللىنى مەركەزلىك قۇتقۇزۇش، داۋالاش ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەرگە كېلىشىملىك مۇلازىمەت قىلىش تولۇق قاپلىدى. بولۇپمۇ ساياھەتچىلىكتە «شىددەتلىك» تەرەققىيات نامايان بولدى، بۇ يىل 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە، كۆتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى، ساياھەت كىرىمى 300 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40%تىن كۆپرەك ئاشتى.

پاكىتنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، يالغان - ياۋىداق سۆز بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدۇ. ئۇزاق مەزگىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق «مۇقىملىق — بەخت، مالىمانچىلىق — ئاپەت» دېگەننى ئاللىبۇرۇن چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق تېخىمۇ قەتئىي ھالدا بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، ئالغا باسقان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭنى قۇرۇپ چىقىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئەتىسى جەزمەن تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!

# شىنجاڭغا بوھتان چاپلايدىغان، قارا چاپلايدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست قەتئىي ئەمەلگە ئاشمايدۇ

□ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دىلنار ئابلا

شۇ جاي ۋاقتى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يامان نىيەتتە ھۇجۇم قىلدى. مەن ئاز سانلىق مىللەت سەنئەتكار بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەزكۇر ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»گە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى ۋە ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

كىشىلىك ھوقۇق ئالدى بىلەن ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىدۇر. شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا بۇ يەردە ياشاۋاتقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق سۆز قىلىشقا ئەڭ ھوقۇقلۇق. 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، 70 نەچچە تۈركۈمدە چەت ئەل ئۆمەك - گۇرۇپپىلىرىدىكى جەمئىي 1000دىن ئارتۇق كىشى جۇڭگو شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن، مۇقىم، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە - ئۈنۈم تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، پايدىلىق تەجرىبىلەرنى توپلاپ بەردى.

تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلىدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، زوراۋان - تېررورچى كۈچلەر، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر جۇڭگو شىنجاڭ رايونىدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سىنى پىلانلاپ سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، مال - مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سىنىڭ ئۈزۈلمەي يۈزبېرىشى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزدى، ئىنسانىي ئىززەت - ھۆرمەتنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى. تېررورىزم، ئەسەبىيزىمنىڭ رېئال تەھدىتى ئالدىدا، شىنجاڭ قانۇن بويىچە تېررورىزمغا قاتتىق زەربە بېرىپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش ئارقىلىق ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، بۇنىڭدىكى مەقسەت تېررورىزم، ئەسەبىيزىمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى مەنبەدىن يوقىتىش. شىنجاڭدىكى تەلىم - تەربىيە مەركىزى دىنىي ئەسەبىيزىمنىڭ يامرىشى ۋە زوراۋانلىق، تېررورىزمنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن، «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش»نى مەقسەت قىلىپ قانۇن بويىچە تەسىس قىلىنغان مەكتەپ. ھۆكۈمەت پۇل چىقىرىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان ئاشۇ كىشىلەرنى كەسپىي دەرسلىك بىلەن تەربىيەلەپ ۋە ھەقسىز تاماق، ياتاق بىلەن تەمىنلەپ، ئۆرپ - ئادىتى ۋە شۇ مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇۋاپىق ئېھتىياجىنى ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلەندۈردى ۋە قاندۇردى. نۆۋەتتە، «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش» تەلىم - تەربىيەسىگە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەربىيەنى تاماملاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىپ، تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە.

ھالبۇكى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار بىزنى تەلىم - تەربىيەگە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنى جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلدى، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلدى، دەپ ئەيىبلىدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن بىر قىسىم كىشىلەردۇر، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشنىڭ ئاقىۋىتى شۇكى، ئۇلار زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزۈشتەك تۈيۈق يولغا ماڭىدۇ، ئەجەبا بۇ كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلغانلىقمۇ؟ كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ھەم تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلدى، ھەم زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرى ئازايدى، تېخىمۇ كۆپ كىشى زوراۋانلىق، تېررورلۇقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراشتىن ساقلاپ قېلىندى. بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق بىز زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىدۇق.

ھازىر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمەي، جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۈرلۈك ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتلىرى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈلدى. مۇقىملىق پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، بىر رايوننىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋەزىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «بارومېتىر» بولغان ساياھەتچىلىك تېخىمۇ «شىددەتلىك» راۋاجلىنىشتەك ياخشى ۋەزىيەت كۆرۈلدى، ساياھەتچىلىكتە كۈتۈۋېلىنغان ئادەم سانى ۋە ئىستېمال سوممىسىدا ئۇدا ئۈچ يىل 30%تىن 40%كىچە ئېشىش سۈرئىتى ساقلاندى، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئون ئېيىدا چېگرا ئىچى - سىرتىدىن شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەنلەرنىڭ سانى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، نەچچە مىليون كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئامېرىكا تەرەپ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە «قوش ئۆلچەم» قوللىنىدى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى جۇغراپىيەلىك سىياسىي يۈرگۈزۈشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ كۈچىيىشىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى؛ ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى رەزىللىككە تولغان تۇرۇقلۇق، ئۆزىگە «كىشىلىك ھوقۇق مۇھاپىزەتچىسى» دەپ تەمەننا قويۇپ، ھە دېسىلا باشقا دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا كەلسە - كەلمەس قول تىقتى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشتى، خەلقئارا ئەخلاق - ھەققانىيلىق ۋە ئىنسانىي ۋىجدانغا ئېغىر خىلاپلىق قىلدى، بۇ، سېپى ئۆزىدىن زومىگەرلىك قىلمىشىدۇر.

بىز ئىپتىخارلانغان ھالدا پۈتۈن دۇنياغا شۇنداق جاكارلىيالايمىزكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك تۇرمۇشقا نىسبەتەن بۇنداق ئىشەنچكە تولغان ئەمەس، كەلگۈسىگە نىسبەتەن بۇنداق ئۈمىدكە تولغان ئەمەس، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەننى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى! يالغان سۆز مەڭگۈ ھەقىقىي ئەھۋالنى يوققا چىقىرالمايدۇ، جۇڭگو شىنجاڭغا بوھتان چاپلاش، قارا چاپلاشقا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست قەتئىي ئەمەلگە ئاشمايدۇ، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشقا، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، زېمىن بىخەتەرلىكى ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى قوغداش ئىرادىسى قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ.

# «تېخىمۇ كۆپ دوستلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى قارشى ئالىمەن»

(بېشى 1 - بەتتە)

«ئەينى چاغدا شىنجاڭ داشۆدە ئوقۇيدىغان تۇغقىنىم بولغاچقا شىنجاڭغا كېلىشنى تاللىغاندىم، تۇغقىنىم ماڭا ‹شىنجاڭ ياخشى جاي› دېگەنىدى، بۇ جايغا كەلگەندىن كېيىن بۇنىڭ تېخىمۇ راستلىقىنى ھېس قىلدىم!» شىنجاڭغا كېلىشتىن بۇرۇن، شاھان بىر ئېغىزمۇ جۇڭگو تىلىدا سۆزلىيەلمەيتتى، بۈگۈنكى كۈندە مۇئەللىم ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۇ جۇڭگو تىلىدا ئالاقە قىلالايدىغان، پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان بولدى، بۇنىڭدىن ئۇ ئىنتايىن خۇشال.

«مېنىڭ جۇڭگولۇق ‹ئاپام›نىڭ ئىسمى ئالىيە، مەن ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن.» شاھاننىڭ ئېيتىشىچە، سىنىپ مەسئۇلى ئالىيە ئەركىن مۇئەللىم ئۆگىنىش، تۇرمۇشتا ئۇنىڭغا ئىنتايىن كۆپ غەمخورلۇق قىپتۇ، ھېيت - بايراملاردا سىنىپتىكى چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ بېرىپ بىللە خوگو يەپتۇ، يەنە بىرلىكتە تۇغۇلغان كۈن ئۆتكۈزۈشكە تەشكىللەپ، ئۇلارغا باشقا يۇرتتىمۇ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپتۇ.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىلنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىشى، جۇڭگو مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشى ئۈچۈن، شىنجاڭ داشۆ خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش شۆيۈەنى يەنە خەتتاتلىق، قەغەز قىيما، گۇجېڭ قاتارلىق جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت دەرسلىرىنى تەسىس قىپتۇ.

«ئۈرۈمچىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز ئىكەن، مەن يول قۇرۇلۇشى، شەھەر پىلانى ھەمدە مۇلازىمەت كەسپى قاتارلىق جەھەتلەردە جۇڭگونىڭ ئىچكىرى رايونلىرىدىكى باشقا شەھەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئانچە چوڭ پەرق يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم، بۇ يەردىكى تۇرمۇشمۇ ناھايىتى بىخەتەر، شۇنداقلا ناھايىتى بەختلىك!» شاھاننىڭ ئېيتىشىچە، ئۈرۈمچىگە كەلگەن بىر يېرىم يىلدا، ئۇ مېترونىڭ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغىچە قاتنىغانلىقى، خەلقئارا چوڭ بازار كەچلىك بازىرىنىڭ ئېچىلغانلىقى، بۇ يىل شىنجاڭدا ساياھەتچى سانىنىڭ ئالدىنقى ئون ئايدا 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشقانلىقىغا گۇۋاھ بوپتۇ... بۇ ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلىگەندە شاھان ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كەتتى.

«جۇڭگو بىلەن ئافغانىستان ئەنئەنىۋى دوستانە قوشنا دۆلەتلەر، نۇرغۇن جۇڭگولۇق ئافغانىستاندا خىزمەت قىلىدۇ، ماڭا ئوخشاش ئافغانىستانلىق نۇرغۇن ئوقۇغۇچىمۇ جۇڭگوغا كېلىپ ئوقۇۋاتىدۇ. مەن جۇڭگودا داۋاملىق ئوقۇپ دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ، كەلگۈسىدە گۈزەل جۇڭگو شىنجاڭدا قېلىپ تەرەققىي قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن يەنە تېخىمۇ كۆپ ئافغانىستانلىقنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ساياھەت قىلىشىنى، ياششىنى، مەبلەغ سېلىشىنى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى شاھان.